# بۇ يىل ئالاتاۋ ۋوگزالىدا چېگرادىن كىرگەن - چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 1000دىن ئاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالى قاتارلىق يەتتە ئورۇندىن 21 سەرخىل كۈچىنى ئاجرىتىپ، «پويىز ئورۇنلاشتۇرۇش زەربىدارلار ئەترىتى» قۇرۇپ، پورت ۋوگزالىغا ياردەم بېرىپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىغا كاپالەتلىك قىلىش قوشۇنىغا جەڭگىۋار قوشۇن قوشتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالاتاۋ ۋوگزالى «ئالدىن تەكشۈرۈپ، ئالدىن بېلەت چىقىرىپ، ئالدىن ئالماشتۇرۇپ - قاچىلاپ، ئالدىن گورۇپپىلاپ، ئالدىن يولغا سېلىپ»، ئىمپورت - ئېكسپورت نۆۋەتچى پويىزى ترانسپورتىنى تەشكىللەپ، تاموژنا، چېگرا تەكشۈرۈش، مال ۋاكالەتچىلىك كارخانىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئېلېكترونلۇق تالوننى ئوبوروت قىلىش، تەرجىمە قىلىش، كىرگۈزۈش ۋاقتىنى تېزلىتىپ، تالوننى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. قازاقىستان دوستىيك ۋوگزالى بىلەن قەرەللىك ئالاقىلىشىش ۋە ماسلىشىش ئارقىلىق، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى تاموژنىدىن ئۆتۈش جەريانىدا يولۇققان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ پورت ۋوگزالىدا تۇرۇپ قېلىش، ساقلاش ۋاقتىنى قىسقارتىپ، تۆمۈريولدا ئالماشتۇرۇش، قاچىلاش مەشغۇلاتىنى تېزلىتىپ، ۋاگونلارنىڭ ئايلىنىشىنى تېخىمۇ راۋانلاشتۇردى.

نۆۋەتتە، ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق قاتنايدىغان نۆۋەتچى پويىز لىنىيەسى ئاساسلىقى چۇڭچىڭ - شىنجاڭ - ياۋروپا، جېڭجۇ - شىنجاڭ - ياۋروپا، چاڭئەن ناملىق، چېڭدۇ - شىنجاڭ - ياۋروپا قاتارلىق 22 لىنىيە بولۇپ، گېرمانىيە، پولشا، بېلگىيە، رۇسىيە قاتارلىق 13 دۆلەتكە يېتىپ بارىدۇ، توشۇلىدىغان يۈك تۈرى 200 خىلدىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە نۆۋەتچى پويىز ئارقىلىق ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللاردىن ئاساسلىقى ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا، ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى، كۈندىلىك تۈرلۈك مال قاتارلىقلار بار، قايتىدىغان نۆۋەتچى پويىزغا ئاساسلىقى ئاپتوموبىل، ياغاچ ماتېرىياللىرى، يېمەكلىك، ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلار قاچىلىنىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

كۈندىلىك تەبىئىي گاز ۋە خام نېفىت مەھسۇلات مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 822 مىڭ كۇب مېتىر، 300 توننا بولۇپ، نېفىت - تەبىئىي گاز ئېكۋىۋالېنتى 1000 تونناغا يېقىنلاشتى.

غەربىي شىمال نېفىتلىكىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ نېفىت قۇدۇقى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سانائەت نېفىت - تەبىئىي گاز ئېقىمىغا ئېرىشىپ، شۇنبېي رايونىدىكى ئۆزلۈمە بەلباغنىڭ روشەن «زاپاس مىقدارىنى كونترول قىلىش، ساقلاشنى كونترول قىلىش، بايلىقنى كونترول قىلىش» ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىسپاتلىغان، شۇنداقلا شۇنبېي نېفىت - گازلىقىنىڭ شەرقىدە تەبىئىي گاز، غەربىدە خام نېفىت بولۇشتەك بايلىق ئەندىزىسىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ياخشى چارلاش ئىستىقبالىنى نامايان قىلغان.

شۇنبېي نېفىت - گازلىقى ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر، ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى بېسىم، ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، زاپاس قاتلىمىنىڭ ئوتتۇرىچە كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 7300 مېتىردىن ئاشىدىغان بولۇپ، دۇنيادىكى كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى ئەڭ چوڭقۇر نېفىت - گازلىقنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىچكىرىسىدە، غەربىي شىمال نېفىتلىكىنىڭ نېفىت - تەبىئىي گاز چارلاش خىزمىتىدە يېقىنقى يىللاردا بىرقاتار زور بۆسۈش ھاسىل قىلىنىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تارىم دەرياسى نېفىتلىكى، شۇنبېي نېفىت - گازلىقىدىن ئىبارەت 1 مىليارد توننا دەرىجىلىك ئىككى كاربوناتلىق نېفىت - گازلىق بايقالدى. ھازىرغىچە، غەربىي شىمال نېفىتلىكى تارىم ئويمانلىقىدا جەمئىي چارلاپ ئېنىقلىغان نېفىت گېئولوگىيەلىك زاپىسى 1 مىليارد 500 مىليون تونناغا، تەبىئىي گاز گېئولوگىيەلىك زاپىسى 74 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇقلۇقىدىكى ئون چوڭ نېفىتلىكنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

كىيىم - كېچەك كەسىپلەر باغچىسىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى مۇكەممەل ئۇل ئەسلىھەسى ۋە ياخشى تىجارەت - سودا مۇھىتى ئالاھىدىلىكى بىلەن تېزلا بەش كارخانىنى ماكانلىشىشقا جەلپ قىلدى. 2020 - يىلى غۇلجا ناھىيەسىدىكى يىپەك سانائەت، توقۇمىچىلىق كەسىپلەر رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 400 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

شىنجاڭ داموچۇەنچى ئائىلە بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتى ئائىلە توقۇمىچىلىقى، كىيىم - كېچەك كەسىپلەر باغچىسىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشىغا ماكانلاشقان بەش كارخانىنىڭ بىرى. ئىككى ئايغا يېقىن ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش ۋە خىزمەتچىلەرنى تەربىيەلەش ئارقىلىق، 2021 - يىلى 1 - ئايدا كارخانا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ تىجارەت باشلىدى.

«باغچە رايونىنىڭ كارخانىلارغا غەمخورلۇق قىلىشى ئەتراپلىق بولدى، بىزنىڭ تەرەققىياتقا بولغان ئىشەنچىمىز يېتەرلىك. ھازىر بىزنىڭ 100دىن ئارتۇق خادىمىمىز بار، ياز پەسلىدە يەنە ئىككى نۆۋەت تەكلىپ قىلساق، ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ سانى 350تىن ئاشىدۇ. بىزنىڭ ئىككىنچى يۈرۈش زاۋۇت بىنايىمىز بېزىلىشكە باشلىدى، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھازىرقى يىلىغا 300 مىڭ يۈرۈش پاختىلىق يوتقان ئىشلەپچىقىرىشتىن 500 مىڭ يۈرۈش ئەتراپىدا ئىشلەپچىقىرىشقا كۆپىيىپ، ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 200 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ» دېدى شىنجاڭ داموچۇەنچى ئائىلە بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى چېنشى شيەنشيا.

غۇلجا ناھىيەسىنىڭ يىپەك سانائەت، توقۇمىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى شۇ جاينىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشىدا كۈچلۈك تۈرتكىلىك رول ئوينىدى، نۆۋەتتە، 2000دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا مۇقىم تۈرتكە بولدى. خۇددى شىنجاڭ داموچۇەنچى ئائىلە بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ شىرىش گورۇپپىسىنىڭ گورۇپپا باشلىقى تۇرانبۈۋى ئىلاخۇن ئېيتقاندەك، كارخانىنىڭ ماكانلىشىشى بىلەن، ئۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ئائىلە ئاياللىرى كەسىپ ئىشچىسىغا ئايلىنىپ، ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشىپتۇ.

«مەن بۇرۇن ئۆيدە بالا باقاتتىم، بۇ يەرگە ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن ماھارەت ئۆگەندىم، ھازىر ئايدا 3000 يۈەنگە يېقىن مائاش ئالىمەن، مەن بۇ يەردە داۋاملىق ئىشلەيمەن» دېدى تۇرانبۈۋى.

2021 - يىلى غۇلجا ناھىيەسى تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق يىپەك سانائەت، توقۇمىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتتى.

«14 - بەش يىل» مەزگىلىدە، يىپەك سانائەت، توقۇمىچىلىق كەسىپلەر رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى تىرىشىپ 10 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈلىدۇ، 30 مىڭ كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ يىل بىز ئائىلە توقۇلما بۇيۇملىرى، كىيىم - كېچەك كەسىپلەر باغچە رايونىغا 13 كارخانىنى، توقۇمىچىلىق كەسىپلەر باغچە رايونىغا بەش كارخانىنى كىرگۈزۈشنى پىلانلىدۇق، مۆلچەرىمىزچە، بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا يىپەك سانائەت، توقۇمىچىلىق كەسىپلەر رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 5000 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ» دېدى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ يىدۈك سانائەت باغچە رايونى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ كۈي.

---

□پومپېيونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

## شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ

□بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولۋاس باتۇر

پومپېيو ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش پەيتىدە «ئەسىر يالغان - ياۋىداق سۆزى»نى ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار بەردى. مەن بۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن ۋە قاتتىق لەنەت ئوقۇيمەن.

مەن يېزىدا تۇغۇلغان، ئىلگىرى ئائىلە شارائىتىمىز ياخشى ئەمەس ئىدى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە تەربىيەلىشىدە، مەن ئوقۇشنى تاماملىدىم. شىنجاڭدا ياشاۋاتقىنىمغا 57 يىل بولدى، ئەڭ چوڭقۇر تەسىراتىم شۇكى، پارتىيەنىڭ تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى خۇددى باھار يامغۇرىدەك بورتالا ئوبلاستىدىن ئىبارەت بۇ تۇپراقنى ئوزۇقلاندۇردى: دېھقان - چارۋىچىلار كېسەك ئۆيلەر بىلەن خوشلىشىپ، ئازادە، يورۇق ئەمىن ئۆيلەردە تۇردى؛ قىرتاق، تۇزلۇق سۇ بىلەن خوشلىشىپ، تۇرۇبا سۈيى ئىچەلەيدىغان بولدى؛ ھەممە كەنتتە داۋالاش ئۆيى ۋە كەنت دوختۇرى بار بولدى؛ ئەمگەكچىلەر تولۇق ئىشقا ئورۇنلاشتى؛ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى پۇختا ئالغا سىلجىتىلىپ، ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك بورتالا ئوبلاستى ساياھەت مەنزىلگاھىغا ئايلاندى.

پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى مىللەتلەر ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى، خاتىرجەملىكى، ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىناقلىقى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، خۇشال - خۇرام ئىشلىشىگە تۈرتكە بولدى.

شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە بوھتان چاپلاشقا، قارا چاپلاشقا يول قويمايمىز. شۇڭا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، پومپېيو مەيلى قانداق يالغانچىلىق قىلسۇن، مەيلى قانداق ئالدامچىلىق قىلسۇن، ھەق - ناھەقنى قانداق ئاستىن - ئۈستۈن قىلسۇن، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلالمايدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىسى ئۆيۇل تاشتەك مۇستەھكەم، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!

## يالغان - ياۋىداق سۆز شىنجاڭنىڭ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ

□سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى زەينەپ

پومپېيو ئېقىمدىكىلەر شىنجاڭغا ئالاقىدار يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى قىلىپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا قەستەن قارا چاپلىدى. مەن بۇنىڭغا كۈچلۈك غەزەپلىنىمەن ۋە قەتئىي قارشى تۇرىمەن!

پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە تەربىيەسىدە، مەن ئارزۇيۇم بويىچە مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۈم. داشۆنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىشنى ئاساسىي قاتلامدىن باشلاپ، قەدەممۇقەدەم رەھبىرىي كادىر بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدىم. كۆپ يىللىق خىزمەت كەچۈرمىشىمدىن مەن چىن دىلىمدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، ئۇلۇغ ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

مەن مەدەنىيەت سىستېمىسىدا كۆپ يىل خىزمەت قىلىپ، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئۇل ئەسلىھەلىرىدە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولدۇم، ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر، رايونلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا چىرايلىق، ئەمەلىي قوللىنىشچان مەدەنىيەت سارىيى، كۇتۇپخانا، مۇزېي، تەنتەربىيە مەيدانى، تىياتىرخانا سالدى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تەنتەربىيە بەدەن چېنىقتۇرۇش قۇرۇلۇشى تۈرى ئوڭۇشلۇق تاماملاندى، زور بىر تۈركۈم مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئۇل ئەسلىھەلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى ھەم پۈتۈن جەمئىيەتكە ھەقسىز ئېچىۋېتىلدى. تەنتەربىيە مەيدان - سارايى(مەيدان)لىرى يۇقىرى سەۋىيەلىك مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرىدىغان، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزىدىغان، تەنتەربىيە تۈرى مەشىقى ئېلىپ بارىدىغان ئاساسىي بازىغا ئايلاندى. سانجى ئوبلاستى دۆلەت تەرىپىدىن «3 - تۈركۈمدىكى دۆلەت ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمەت سىستېمىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

قارا بۇلۇت ھامان قۇياشنى توسۇيالمايدۇ، يالغان - ياۋىداق سۆز مۇقەررەركى ھەقىقەتنى يېڭەلمەيدۇ. شۇڭا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، پومپېيو مەيلى قانداق يالغانچىلىق قىلسۇن، قانداق ئالدامچىلىق قىلسۇن، ھەق - ناھەقنى قانداق ئاستىن - ئۈستۈن قىلسۇن، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىغا دەخلى يەتكۈزەلمەيدۇ، شىنجاڭنىڭ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان مەزمۇت قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ!

## پومپېيو، رەزىل ئويۇنىڭنى توختات

□كورلا شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياسىن ھەمىت

پومپېيو مىللىي ئارازلىق پەيدا قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى، ئۇنىڭ رەزىل غەرىزى تولۇق ئاشكارىلاندى.

مەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى، نەنكەي داشۆسىدە ئالىي مائارىپنى قوبۇل قىلدىم. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭغا قايتىپ يۇرتۇمنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتناشتىم. مەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نۇرغۇن ئورۇنلاردا خىزمەت قىلدىم ھەم شىجياجۇاڭ شەھىرىگە بېرىپ ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە تەربىيەسىدىن ئايرىلالمايدۇ، مەن چىن قەلبىمدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، ئۇلۇغ ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

كورلا شەھىرىنىڭ قارايۇلغۇن يېزىسى مەن ئۇزاق مۇددەت خىزمەت قىلغان ۋە ھۆددىگە ئېلىپ ئالاقىلەشكەن يېزا. خىزمەت قىلغان ۋە ھۆددىگە ئېلىپ ئالاقىلەشكەن 13 يىلدا، مەن قارايۇلغۇن يېزىسىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولدۇم. نۆۋەتتە، يۇرتداشلارنىڭ ھەممىسى سۇ، توك، تەبىئىي گاز، تور قاتارلىق ئەسلىھەلىرى تولۇق ئەمىن ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى، ئىشىك ئالدىدا يول چىرىغى بار؛ ھەممىسى يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشتى، يېزا دوختۇرخانىلىرىنىڭ كېسەلخانىدا يېتىش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، ھەرقايسى كەنتلەردە داۋالاش ئۆيلىرى بار بولدى ھەم يېتەرلىك تېببىي خادىملار سەپلەندى، ھەممىسى يەنە ھەر يىلى سالامەتلىك تەكشۈرۈشتىن بەھرىمەن بولدى؛ ھەربىر كەنتتە يەسلى بار... ھازىرقى قارايۇلغۇن يېزىسىنىڭ ئېكولوگىيەسى ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدۇ، يېزا ئىستىلى مەدەنىي، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى باياشات، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

ھەرقانداق بوھتان چاپلاش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ، ھەرقانداق تۆھمەت شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش مۇساپىسىگە كاشىلا قىلالمايدۇ. بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا قارا چاپلاشقا يول قويمايمىز، پومپېيو، رەزىل ئويۇنىڭنى توختات!

## پومپېيونىڭ رەزىل قىلمىشى مۇقەررەر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ

□خوشۇت ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئايگۈل ئىبراھىم

پومپېيو جۇڭگونىڭ ئوبرازىغا قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا كاشىلا قىلىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇندى، غەرىزى ئىنتايىن رەزىل.

مەن شىنجاڭدا 50 يىل ياشاپ، خىزمەت قىلىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولدۇم. خوشۇت ناھىيەسىنى ئېلىپ ئېيتساق، 2017 - يىلى 3 - ئايدا گۈزەل يېزا - كەنت قۇرۇلۇشى باشلانغاندىن بۇيان، يېزىلاردا تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى مەركەزلىك بىر تەرەپ قىلىش تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ھويلا - ئارانلارغا سۇ يەتكۈزۈش، كوچىلارنى كۆكەرتىش، كوچا بويىدىكى سىرتقى تاملارنى ئۆزگەرتىش تولۇق قاپلاندى... ھەر مىللەت ئامما ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك، گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدىغان گۈزەل يېزا - كەنتلەردە ياشاۋاتىدۇ. خوشۇت ناھىيەسى گۈزەل يېزا - كەنت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش جەريانىدا ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ماس قەدەمدە پىلانلاپ، دېھقان ئائىلىلىرىنى «كۆكتاتلىق» «مېۋە سېۋەتى»نى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ھويلا - ئارانلىرىدىكى «ئالقانچىلىق يەر»نى «كىرىمنى ئاشۇرىدىغان باغ» قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

مەن داشۆنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نۇرغۇن ئىش ئورنىدا ئىشلەپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ ئۈنۈملۈك قوغدالغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ھەرقايسى مىللەتلەر مەيلى نوپۇسىنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى باراۋەر قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ھەممىسى دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، مائارىپنى قوبۇل قىلىش، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك ھوقۇق - مەنپەئەتلەردىن قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولدى.

پومپېيونىڭ پىتنە - ئىغۋا ۋە تۆھمەتلىرى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئىلگىرىلەش پاكىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان رەزىل قىلمىشى مۇقەررەر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.